# تېلېۋىزور قاناللىرىدا بېرىلىدىغان تېلېۋىزىيە پەتىۋالىرى توغرىسىدا

[ئۇيغۇرچە]

# التوقيع عن رب العالمين عبر القنوات

[باللغة الأويغورية]


خاتىپ: شەيخ دوكتۇر ئابدۇراھمان ئىبنى ئابدۇلئەزىز سۇدەيس

الخطيب: الشيخ د. عبد الرحمن بن عبد العزيز السديس

تەرجىمە قىلغۇچى: سىراجىددىن ئەزىزى

المترجم: سراج الدين عزيزي

تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني



**رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى**

**المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض**

1430 – 2009

islamhouse.com

# تېلېۋىزور قانالىرىدا بېرىلىدىغان تىلېۋىزىيە پەتىۋالىرى توغرىسىدا

2009-يىلى 02-ئاينىڭ 06-كۈنىدىكى جۇمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ -سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇتلار ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرەمدە جۈمەنامىزى ئۆچۈن يىغىلغان يۈزمىڭلارچە مۇسۇلمانغا:

"سۈننىي ھەمرا ئارقىلىق تېلېۋىزور قاناللىرىدا بېرىلىدىغان تىلېۋىزىيە پەتىۋالىرى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا خەتەرلىك كرىزىس پەيدا قىلماقتا" دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار ئاللاھدىن قورقۇڭلار! ئاشكارا- مەخپىي ھاللاردا تەقۋا قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا - ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش، ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

زامانىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرنىڭ كۆپلىكى، تەشۋىقات ساھەلىرىنىڭ رەڭدارلىقى، تېلېۋىزور قاناللىرىنىڭ ھەر ساھە ۋە ھەر ئېقىمدا ئىكەنلىكى، مۇھىم ۋە خەتەرلىك شەرئى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا تېلېۋىزور قانالىرى ئارقىلىق ئاللاھنىڭ نامىدىن ئىمزا قويۇشتىن ئىبارەت پەتىۋا بېرىش پاجىئەلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا باشلىدى. بۇ پەتىۋالار تىلېۋىزىيە پەتىۋالىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پەتىۋا بېرىش شەرتلىرى تولۇقلانمىغان كۆپلىگەن كىشىلەر تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، شەرىئەتتىن تۈزۈك بىلىم-سەۋىيىگە ئىگە

بولماستىن دىندا ئاساسى يوق پەتىۋالارنى بېرىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى. بۇنداق ئەھۋاللار شەرىئەت پەتىۋالىرىنىڭ رولىنى خۇنۇكلاشتۇرۇپلا قالماي مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھەقىقىي كرىزىس پەيدا قىلدى، پىكرىي بۆلۈنۈش كەلتۈرۈپ چىقاردى. كۆرۈنۈشكە مەنپەئەت بېرىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئالىم تاللىماستىن ئىكرانلارغا لاياقەتسىز ئالىملارنىڭ تەكلىپ قىلىنىشى قاراپ تۇرۇشقا بولمايدىغان دىنى مەسئۇلىيەت. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ھالال-ھارام توغرۇلۇق ئېغىزىغا كەلگەننى سۆزلىمەسلىك ھەققىدە بىر قانچە ئورۇندا ئايەتلەرنى نازىل قىلىش ئارقىلىق پەتىۋا دېگەن مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىغا ئىگە كىشىلەرگە مەنسۇپ بىلىم ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

قۇرئان، ھەدىستىن ئىبارەت ئىككى ئاساسقا تايانغان پەتىۋالار دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى كۆرسىتىدىغان پەتىۋادۇر. توغرا پەتىۋا ئارقىلىق مىللەت ئازغۇنلۇق، گۇمراھلىقتىن ساقلىنالايدۇ. ھەقىقىي توغرا پەتىۋا ئارقىلىق ئىسلامنىڭ رەھىمدىللىق ۋە رەببانىي تەرەپلىرى نامايەن بولىدۇ. بىلىش كېرەككى، شەرىئەت ھەرزامان ۋە ھەرماكانغا مۇناسىپ، ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق مۇشكىلاتىنى ھەل قىلىش كۈچىگە ئىگە بىر يىگانە دىندۇر.

پەتىۋا بېرىش مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىرلىقى، پەتىۋانىڭ نەقەدەر سەزگۈر ۋە ھەيۋەتلىك ئىكەنلىكىدىن ئىسلام تارىخىدا تونۇلغان ئەڭ مەشھۇر ئالىملارمۇ پەتىۋا بېرىشتىن ئىمكانقەدەر ئۆزىنى قاچۇرغان. ھەتتاكى، بەزى ئالىملار مۇپتىلىق مەنسىپىدىن، قازىلىقتىن قېچىپ زىندانىدا يېتىشنى پەتىۋا بېرىش مەسئۇلىيىتىدىن ئەۋزەل كۆرگەن ئەھۋاللار مەۋجۇت. ھازىرقى زاماندا ئىسلام ئۈممىتىگە قارايدىغان بولساق، تېلېۋىزور، گېزىت -ژۇرناللار،

ئىنتېرنېت تورلىرى ئارقىلىق شەرىئەتكە مەنسۇپ قىلىپ بېرىلىۋاتقان پەتىۋالارنىڭ ھېسابتىن تاشقىرى كۆپلىكى، رەڭدارلىقى، كۆپلىگەن پەتىۋالار قۇرئان ھەدىسنىڭ روھىدىن تولىمۇ يىراقلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئاز-تولا مەكتەپ قارىسى كۆرگەن مۇپتىلارنىڭ قالايمىقان بەرگەن پەتىۋالىرى ئىچىدە پەقەتلا شەخسى غەرەز، مەنمەنچىلىك يوشۇرۇلغانلىقى چىقىپلا تۇرىدۇ. بۇنداقلارنى تېلېۋىزور قاناللىرىنىڭ ھىلە-مىكىرلىرى ئالداپ كەتكەن بولىشى مۇمكىن. ئېكرانلاردا سۆزلەپ كىشىلەرنىڭ ئۇلاردىن ھەرخىل تېمىدا سوئاللارنى سورىشى، ئۇلارمۇ پەتىۋالارنى باشقىلارنى قىزىقتۇرىدىغان دەرىجىدە پەدەزلەپ كەلسە-كەلمەس دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ سۆزلەشلىرى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدە مەغرۇرلۇق پەيدا قىلىپ تېخىمۇ ئازغۇنلۇققا پېتىشقا سەۋەپ بولماقتا. ئۇلار پەتىۋانىڭ زامان ۋە ماكانىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى بازارغا سېلىشى، بەزىدە ئۇممەتكە ئاسانلاشتۇرۇش باھانىسىدا پەتىۋالارنى توقۇشى جەمئىيەتتە ھەرخىل پىتنىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش بىلەن نەتىجىلەندى. تىلېۋىزىيە پەتىۋالىرىنىڭ خەتەرلىك يېرى شۇكى، تىلېۋىزىيە قاناللىرىنى كۆرىدىغانلار كۆپ بولغاچقا بەزى پەتىۋالارنى ئاڭلايدىغانلارنىڭ سانى سان-ساناقسىز كۆپ بولۇپ ئۇممەت ئىچىدە گاڭگىراش پەيدا قىلىشى تەبىئىي ئەھۋال. تېلېۋىزور قاناللىرىدا نەخ مەيدان بېرىلگەن پەتىۋالار مۇپتىنىڭ بىلىمى قانچە يوقىرى، تەمكىن، بىلىم سەۋىيىسى يوقىرى بولسىمۇ ئالدىراشلىق، دىققەتسىزلىك تۈپەيلى خاتالىقتىن خالى بولىشى ناتايىن. نەخ مەيدان بېرىلگەن پەتىۋالارنىڭ كۆپىنچىسىدە دەلىلنى مۇكەممەل كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ھەتتا بەزى پەتىۋا سورىغۇچىلار ئۆزىگە پەتىۋا

ئىزدەش ئۈچۈن سوئال سوراشتا ئۇستىلىق قىلىشى تۇرغان گەپ، سوئالنىڭ سەۋەبى، ئارقا كۆرۈنۈشلىرى ئۇستىدە ئىزدەنمەستىن بىرىلگەن پەتىۋا كۆپىنچە ھاللاردا خاتادىن خالىي بولالمايدۇ. يەنە كېلىپ، ھەربىر قانال ئۆزىگە مەخسۇس مۇپتى تېپىۋالغان بولۇپ، باشقىلارنىڭ پەتىۋا بېرىشى، توغرىسىنى سۆزلىشى، ئىنكاس قايتۇرۇشىغا پۇرسەت بېرىلمەيدۇ. ئوخشاش بىر مەسىلىگە قارىتا بىر قانالدا بەرگەن پەتىۋا باشقا بىر قانالدا بەرگەن پەتىۋا بىلەن تۇپتىن زىت كېلىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. بۇ توغرۇلۇق ئىسلام خەلىپىسى ئۆمەر فارۇقنىڭ مەشھۇر سۆزى كۇپايىدۇر: "ئىسلامنى يىقىتىدىغان ئەڭ خەتەرلىك نەرسە ئالىمنىڭ ئېغىپ كېتىشىدۇر".

شۇ ئاساستا ئىسلام ئۇممىتىنىڭ كەلگۈسى، يۈزبېرىۋاتقان پاجىئەلەر، ئازسانلىق مۇسۇلمانلار مەسىلىلىرى، ھەرخىل مۇشكىلاتلارغا ئالاقىلىك ھادىسىلەردە توغرا-خاتا، ھالال - ھارامدىن پەتىۋا بېرىش ئىسلام ئۇممىتىگە پايدىلىق بولغاننىڭ ئورنىغا زىيانلىق بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى يوقرى. ئۇممەتكە ئالاقىلىك چوڭ مەسىلىلەر ئۇستىدە پەتىۋا بېرىش مەخسۇس پەتىۋا ئورگانلىرى، شەرئىي ھەيئەتلەر، فىقھى ئاكادىمىيىلەر بىلەن چەكلىنىشى كېرەك. ئۇممەتنىڭ تەقدىرى تېلېۋىزور قاناللىرى ئارقىلىق بەلگىلىنىشى توغرا ئەمەس.

ئاخىردا ئاللاھ بارچىمىزغا توغرا يولدا مېڭىش، ئازغۇن يوللاردىن يىراق بولۇشنى نېسىپ قىلسۇن. ئالىملارنىمۇ قالايمىقان پەتىۋا بېرىشتە ئاللاھتىن قورقۇش، مەسئۇلىيەتچان بولۇشقا مۇيەسسەر قىلسۇن ئامىن!.